# غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ تەرجىمھالى............................ 1 ـ بەت

ئىلمىي ئىجادىيەت ئۈچۈن سوققان يۈرەك (غەيرەتجان ئوسمان ئوتغور)...........38 ـ بەت

## غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ تەرجىمھالى

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مول ـ مەدەنىيىتى، كۆرەشچان تارىخى بىلەنلا ئەمەس ، تارىخ بەتلىرىگە شەۋكەتلىك قۇرلىرىنى يازغان سان ـ ساناقسىز ئەزىمەتلىرى، پىداكارلىرى بىلەنمۇ پەخىرلىنەلەيدىغان خەلقتۇر ، ئۇزاق كىلاسسىسك دەۋرلەردە بولسۇن ياكى ھەممە ئادەم مەئىشەتلىك ھايات ئۈچۈن جان تالىشىۋاتقان بۈگۈنكىدەك ئىقتىسادى دەۋرلەردە بولسۇن، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى، قىممەتلىك ھاياتىنى ئۆ خەلقىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا،شانۇ ـ شەۋكەتلىك بولغان ئەھمىيەتلىك خىزمىتىگە، شانلىق مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتلىك ۋەزىپىگە بېغىشلاپ، ئۇن ـ تۈنسىز باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، دارۋاڭسىزئەجر ـ مېھنەت قىلىۋاتقان تالايلىغان ئۇستازلىرىمىز ئۆز ھاياتى ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئەشۇ مېھنەتكەشلەر قاتارىدا بىر ھۆرمەت ساھىبىنى ئالاھىدە ئەسلەپ ئۆتۈش زۆرۈربولۇپلا قالماي، يەنە ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇ ئەدەبىياتشۇناس ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ، ماگىستىرانت يېتەكچىسى. ئۇيغۇرئەدەبىياتى كافېدراسىنىڭ مۇدىرى غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر (يەنە بىر تەخەللۇسى تۇتۇرگى)دۇر .



غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر 1958 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەر شەھرىگە تەۋە يۇقارقى قازىرىق كەنتىدە تۇغۇلغان.(ئەسلى يۇرتىنىڭ تەۋەلكى كونا شەھەر ناھىيىسى بەشكېرەم يېزىسى).ئۇ ئۆز كەنتىدىكى يۇقارقى قازىرىق مەكتىپىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى،كونا شەھەر ناھىيىسگە تەۋە قوغان ئوتتۇرامەكتىپىدە تولۇقسىز ، تولۇق كۇرسلىرىنى تاماملىغان. 1975 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1977 ـ يىلى9 ـ ئايغىچە ئۆز يېزىسىغا زىيالى ياش بولۇپ چۈشۈپ ،دېھقانلاردىن قايتا تەربىيە ئالغان.جۈملىدىن بۇ يىللاردا قوشۇنچە ئىككى يىل كەنت ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ سېكرتارى بولغان. 1977 ـ يىلى9 ـ 10 ـ ئايلاردا قوغان ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق كورس ئوقۇغۇچىلىرىغاماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1978 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1983 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ،شۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قىلىنغان. خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن ،يىگىرمە يىلغىچە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىرتەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كەلگەن. 1994 ـ يىلى دوتسېنتلىققا، 2000 ـ يىلى ماگىسترانت يېتەكچىسى سالاھىيتىگە، 2004 ـ يىلى پروفېسسورلۇق كەسپى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇتولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى» ، «شىنجاڭ دىن تارىخى» ، «ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى» ماگىسترانتلارغا«جۇڭگو مەدەنىيتى جەۋھەرلىرى» ، «ئوتتۇرائاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» ، «ئۇيغۇرشۇناسلىق» قاتارلىق يىگىرمە نەچچە خىل دەرس ئۆتكەن.جۈملىدىن 30 يىلدىن بېرى ئالىي

مائارىپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە دەرس ئۆتۈشنى بىر مەۋسۇممۇ ئۈزۈپ قويمىغان. 2013 ـ يىلى9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى،ش ئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتى،ش ئۇ ئا ر مائارىپچىلارئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكەن شەرەپلىك ئوتتۇز يىل» دېگەن گۇۋاھنامىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان.. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر 2001 ـ ، 2002 ـ ۋە 2005 ـ يىللىرى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش لايىھىسى» نىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى »، «كاتىباتلىق »، «ئېكران ئەدەبىياتى »ئۇقۇتۇش لاھىيىسى قاتارلىقلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق ئون بىر خىل دەرسلىكنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىققان. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس»(1987)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2001) قاتارلىقلار ئۇنىڭ شەخسىي نامىدا، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»(2002،ئىككى قىسىم)،«ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» (ئىككى قىسىم،2004 ـ 2005) قاتارلىق كىتابلار باش تۈزگۈچىلىكىدە نەشر قىلىنىپ ئالىي ۋە ئالىي تېخنىكوم مەكتەپ دەرسلىكى قىلىنغان. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»(1993 ـ 1995،ئۈچ توم) ناملىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىكنى يېزىشقىمۇ قاتناشقان.32 نەپەر ماگىستىر تەربىيىلگەن، ئىش ئۇستىدە ئوقۇپ مەگىستىرلىق ئىلمي ئۇنۋانى ئالغۇچى 10نەپەر ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ماگىستىرلىق دىسسىرتاتسىيىسىگەيىتەكچىلىك قىلغان.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (1999،خەنزۇچە)، «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە» (2002)،«ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە»(2003)، «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»(2007)،«قەشقەر كىلاسسىك ئەدەبىياتى»(2012) ۋە تۈزۈپ تەييارلىغان«ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (1998)، «بۈيۈك شائىر نەۋايى»(2001،خەنزۇچە) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان؛ «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلار قامۇسى»(1990)،«جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى»(2000)، «جۇڭگوتارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىرى شەجەرىسى» (2000)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»(1998، بىرتوملۇق،خەنزۇچە)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (2006، تۆت توملۇق)،

«ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»(خەنزۇچە، 2011) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشقان. ئۇنىۋېرسىتېت دەرىجىلىك «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى» (1993)، مائارىپ نازارىتى دەرىجىلىك «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى» (1993 ـ 1995)، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە تەتقىقات»(1997 ـ 1999)، دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى ھەققىدە» (2004 ـ 2006)، «يۇقارقى قازىرىق كەنتىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈلۈشى» (2009 ـ 2011) قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلغان؛ «غەربىي يۇرت ئەدەبىيات تەتقىقاتى» (1993 ـ 1995)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتى»(1995 ـ 1997)، «ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن ياپون بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات»(1996 ـ 1998)، «ئۇيغۇرشۇناسلىق» (1995 ـ 1997)، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى» (1999 ـ 2002)قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلەشكە قاتناشقان. 200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئۇيغۇر، خەنزۇ، ياپون، تۈرك تىللىرىدا ئېلان قىلىنغان. سەككىز قېتىملىق خەلقئارالىق، 10 نەچچە قېتىملىق مەملىكەت دەرىجىلىك ۋە نەچچە ئون قېتىملىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان.

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر يېتەكچىلىك قىلىپ يوللانغان«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»ناملىق دەرسلىك كىتاب 2008 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ«ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە مىللىي تىلدىكى دەرسلىك قۇرۇلۇش پىلانى»تۈرىگە كىرگۈزۈلۈپ، نەشر قىلىنىشى تەستىقلانغان، « «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»دەرسلىكى 2009 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ «سەرخىل دەرسلىك» تۈر قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈلگەن، «ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچېرىكى» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ ئوچېرىكى» (خەنزۇچە) قاتارلىق كىتابلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ2010 ـ ۋە 2011 ـ يىللىق نادىر ئىلمىي ئەسەرلەر نەشر فوندى تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن.

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر 2005 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ ـ مەدەنىيەت

تەتقىقات يۆرتى تەرىپىدىن « تارىخ مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ»مۇشۇ تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىلىقىغا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخپارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئۇقۇپ ـ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىنغان،ئۇ ھازىر دۇنيا فولكلورشۇناسلار ئىلمىي جەمىيىتى،جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمىيىتى، ،جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئىلمىي جەمىيىتى،جۇڭگوتۈركىي تىللار تەتقىقات ئىلمىي جەمىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمىيىتى،ش ئۇ ئا رخەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمىيىتى،شىنجاڭ جۇڭخۇا ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمىيىتى مۇتەخەسسلەر كومېتىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمىيئەتلەرنىڭ ئەزاسى. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تەھرىرلەش ـ نەشر قىلىش مۇتەخەسسلەرگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى،«شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، «ئۇيغۇر تىبابىتى» قاتارلىق ژورناللارنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى. ئۇ2009 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى نۇقتىلىق پەن تۈرىنىڭ ئاساسىي پەنلەرىيتەكچىسگە ۋە 2013 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن بىر قېتىم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى،بىرقېتىم مۇنەۋۋەر ماگىستىر يېتەكچىسى بولۇپ مۇكاپاتلانغان. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى»(خەنزۇچە) ناملىق كىتابى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىدىكى ئۈچ مەسىلە» (خەنزۇچە) ناملىق ماقالىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتۇش تەتقىقاتى مۇكاپاتىغا،«قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»ناملىقكىتابى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك نەتىجە مۇكاپاتىغائېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئون نەچچە قېتىملىق ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارنىڭ ساھىپى بولغان..

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ تەرجىمىھالى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرقىلغان «ئوتتۇرا

ئاسيا مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى قوللانمىسى» (1995 ـ يىلى)، «جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇركىشىلىرى تەزكىرىسى» (جۇڭگو خەلقئارا رادىئو نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچەنەشرى)، «ئالىي مائارىپ گۈللىرى» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى )، «جۇڭگو ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي مۇتەخەسسىلەر قامۇسى» (جۇڭگو كادىرلار نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرقىلىغان)،«بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى لۇغىتى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى1999 ـ يىلى نەشر قىلىغان)، «دۇنيادىكى مەشھۇر مۇتەخەسسىلەر قامۇسى » (جۇڭگو خەلقئارائالماشتۇرۇش نەشرىياتى 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)،«دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەرتەزكىرىسى» ( جۇڭگو خەلقئارا ئالماشتۇرۇش نەشرىياتى 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)،«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» (مىللەتلەرنەشرىياتى،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى)،«دۇنيا فولكلورشۇناسلىرى قامۇسى» (شياڭگاڭ ئەدەبىيات گېزىتخانىسى نەشرىيات شىركىتى 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشرقىلىغان)، «جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» (قامۇسى،شياڭگاڭ ئەدەبىيات گېزىتخانىسى نەشرىيات شىركىتى 2009 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلىغان)،«جۇڭگو فولكلورچىلارقامۇسى»( 2013 ـ يىلى) قاتارلىقلارغاكىرگۈزۈلگەن.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى

نەشر قىلىنغان كىتابلار

I، شەخسىي نامىدا ئېلان قىلىنغان كىتابلار:

1. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

2. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچەتارىخى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى 1992 ـ يىلى باستۇرغان.

3. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»،شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگەيېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى 1993 ـ يىلى باستۇرغان.

4. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچەتارىخى»، ئىككى قىسىم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچەئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى **1996** - يىلى باستۇرغان.

**5.** «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (3 - قىسىم)،توپلاپ - رەتلەپ تۈزگەن، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، **1998** - يىلى نەشرى.

**6.** «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»،شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، **1999** - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

**7.** «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، **2001** - يىلى نەشرى.

**8.** «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، **2002** - يىلى نەشرى.

**9.** «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»،ئىككى قىسىم، (ئاپتورنىڭ باش تۈزگۈچىلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى،**2002** - يىلى نەشرى.

**10.** «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»،ئەشرەپ ئابدۇللا بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، **2002** - يىلىنەشرى.

II.باشقىلار بىلەن بىرلىكتە يازغان ۋە تۈزگەن ئەسەرلەر

**1.** «ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئاساسلىرى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، **1986** - يىلى نەشرى؛ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن **2002** - يىلى نەشر قىلىنغان.

**2.** «ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئاساسلىرى»ئوقۇتۇش تېزىسلىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچەئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى **1987** - يىلى باستۇرغان.

**3.** «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ مىفلىرى ۋەدىنلىرى قامۇسى»، بۇ قامۇسقا ئاپتور يازغان **28** ماددا كىرگۈزۈلگەن، بېيجىڭ ئىلىم گۈلزارى (شۆيۈەن) نەشرىياتى **1990** - يىلى خەنزۇچە نەشر قىلغان.

**4.** «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، **1998** - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

**5.** «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت قەھرىمانلىرى شەجەرىسى»، تۆت توملۇق، بۇنىڭغا ئاپتور

تەييارلىغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر»، «نىم شېھىت»، «قاسىمجان قەمبىرى» قاتارلىق ئۈچ پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن،گەنسۇ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

6. «ئۇلۇغ شائىر نەۋائى»، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تۇپلاپ نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان ماقالىلەر توپلىمى.

III تاماملىغان تەتقىقات تېمىلىرى

بىرىنچى، شەخسىي تاماملىغان تېمىلار

1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىشەنچ ۋەئېتىقادلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ، تەستىقلاپ مەبلەغ ئاجراتقان، 1993 ـ يىلى تاماملانغان.

2. «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى»،شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايىنلۇق مائارىپ كومىتېتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ، تەستىقلاپ مەبلەغ ئاجراتقان، 1993 — 1995 ـ يىللىرى تاماملانغان.

3. «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ مەبلەغ ئاجراتقان. 1997 — 1998 ـ يىللىرى ئاپتورنىڭ يېتەكچىلىكىدە كوللېكتىپ تاماملانغان.

ئىككىنچى، باشقىلار بىلەن بىرلىكتەتاماملىغان تېمىلار

1. «غەربىي يۇرت ئەدەبىيات تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ مەبلەغ ئاجراتقان،1995 — 1997 ـ يىللىرى تاماملانغان.

2. «ئۇيغۇرشۇناسلىق»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تۈر قىلىپ بېكىتىپ مەبلەغ ئاجراتقان، 1995 — 1997 ـ يىللىرى تاماملانغان.

3. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، جۇڭگو پەنلەرئاكادېمىيەسى يېتەكچىلىك قىلغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەشكىللىگەن، 1997 — 2002 ـ يىللىرى ئىشلەنگەن.

4. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈر قىلىپ

بېكتسپ مەبلەغ ئاجراتقان، 1996— 1998 ـ يىلى تاماملانغان.

IV ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر

بىرىنچى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا:

1. «ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە رولى»، 1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

2. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، 1985 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.

3. «‹ئوغۇزنامە›نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدا»، 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان.

4. «قەدىمكى شەھەر ھىرات ۋە ئۇيغۇرلار»، 1987ـ يىللىق 3 ـ سان.

5. «جامال قارشى ۋە ‹سۇراخ لۇغىتى›گە ئىلاۋە»،1988 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.

6. «تۇران ئاتالغۇسى ھەققىدە»، 1989 ـ يىللىق2 ـ سانىدا.

7. «يىپەك يولىنىڭ تۈگىنى شىنجاڭ»،ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندى بىلەن ھەمكارلىشىپ يېزىلغان، 1990 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا.

8. «ئېلخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار»، 1991 ـيىللىق 4 ـ سانىدا.

9. «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئايال ئاپتورلار»، 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا (بۇئايشەم ئەھمەد تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «خانىم ـ قىزلار دەستۇرى»ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن).

10. «ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى»،1994 ـ يىلى 4 ـ سانىدا.

11. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈغ شائىرى نەۋائى»،خەنزۇچە، 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

12. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى ھەققىدە»، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان.

13. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە ژانىرى ھەققىدە»، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

14. «ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋانات ئېتىقادچىلىقى توغرىسىدا»، 1995 ـ يىللىق قوشۇمچە سان.

15. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرى»، خەنزۇچە، 1998 ـ يىللىق 1 ـ ساندا؛ بۇ ماقالەجۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «جۇڭگونىڭ قەدىمكى، يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتى» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 1998 ـ يىللىق 6 ـ توپلىمىغا تاللاپ قايتا ئېلان قىلىنغان.

16. «ئۇيغۇرلارنىڭ پارس تىلىدىكى ئەسەرلىرى» ،2001 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

17. «نامە ژانىرىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر» ،2002 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

18. «شېئىرىي رومان ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» ،2003 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

ئىككىنچى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەتەتقىقاتى»دا:

19. «‹ئوغۇزنامە›دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي، ئىجتىمائىي ئېتىقادىغا نەزەر»، 1985 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

20. «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى (مۇقەددىمە)» ،1985 ـ يىللىق 3 ـ ساناد.

21. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ جۇڭشەن بەگلىكى ھەققىدە»، 1986 ـ يىللىق قوشۇمچە 3 ـ ساندا.

22. «‹ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى›نى يېزىشقادائىر بەزى مەسىلىلەر»، 1986 ـ يىللىق قوشۇمچە 11 ـ ساندا.

23. «ئۇيغۇرلارنىڭ ھارۋىچىلىقى ھەققىدە» ،1986 ـ يىللىق قوشۇمچە 12 ـ ساندا.

24. «دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە»، 1987 ـ يىللىق قوشۇمچە 2 ـ ساندا.

25. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي ناملىرى توغرىسىدا»، 1988 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

26. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى»، 1899 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

27. «ئۇيغۇرلارنىڭ يادا تاش چۈشەنچىسى ھەققىدە»، 1990 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

28. «شىنجاڭنىڭ قاشتېشى ھەققىدە بىرقانچەئېنىقلىما»، 1990 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

29. «مەھزۇن ۋە ‹دىۋانى مەھزۇن› ھەققىدە» ،1992 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

30. «مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى ۋەئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى»، 1992 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

31. «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئاتا ـ بالا ئەدىبلەر»، 1993 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

32. «1680 — 1760 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇرئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى»، 1995 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

33. «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى»، ئاپتور ئانىسى ياقۇتخان بىلەن بىرلىكتەيازغان، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.

34. «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر»، 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان.

35. «شىنجاڭنىڭ يىپەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئىلمىزنىڭ يىپەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى»، 1998 ـ يىللىق 2 ـساندا.

36. «يۈسۈپ سەككاكىنىڭ ‹مفتاھۇل ئۇلۇم›ناملىق ئەسىرىدىكى تىل ۋە سۆز سەنئىتىگە دائىر بايانلىرى ھەققىدە»، 1999 ـ يىللىق1 ـ ساندا.

37. «غەربىي يۇرت كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي ۋارىسچانلىق مەسىلىسى»، 1999 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

38. «‹قۇتادغۇبىلىك›تىكى ئىلگىيىلەر»، 2001 ـيىللىق 1 ـ سان.

39. «غەربىي يۇرتنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىغادائىر بەزى مەسىلىلەر»، 2002 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

ئۈچىنچى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەرمۇنبىرى»دە:

40. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان.

41. «ئارسلان، بۇغرا ئاتالغۇلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي يىلتىزى»، 1994 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

42. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان كىيىم ـكېچەكلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى»، 1994 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

43. «ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتى ھەققىدە»، 1996 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

44. «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرئەدەبىياتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، 1997 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

45. «ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى» (ھەمكارلىشىپ يازغان)، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

46. «شىنجاڭدىكى قەدىمكى دىنلار»، 1998 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

47. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ ‹ئوغۇزنامە›دىكى ئىزلىرى»، خەنزۇچە، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

48. «شان ـ شەرەپ ئەجىر ـ مېھنەتتىن كېلىدۇ»،مۇھەممەد تۇرسۇن ئېلى بىلەن بىرلىكتە يازغان، 1999 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.

49. «ئۇيغۇرلار ۋە يەركەن»، 2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.

50. «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىك سۆھبەت».

1) ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋەباشقىلار، 2001 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا؛

2) نەۋائىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى دېيىش مەسىلىسى ۋە باشقىلار، 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا؛

3) نەۋائىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىشتىكى بىرىنچى ئۆلچەم مەسىلىسى ۋە باشقىلار، 2001 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا؛

4) نەۋائى تەتقىقاتىنىڭ مەملىكەت سەۋىيەسىگەكۆتۈرۈلەلمەسلىكىدىكى سەۋەبلەر ۋە باشقىلار، 2001 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا؛

5) نەۋائىنى ئۆزبېك شائىرى دېيىش مەسىلىسى ۋەباشقىلار، 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا؛

6) نەۋائى بارلاس قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان دېگەن مەسىلە ۋە باشقىلار، 2002 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا؛

7) نەۋائىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى مەسىلىسى، 2002 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا؛

8) نەۋائىنى ئۇيغۇر شائىرى دەپ ھېسابلايدىغانلارنى بارلىقى مەسىلىسى ۋە باشقىلار، 2003 ـ يىللىق 1 ـ سان؛

9) نەۋائىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى مۇمكىنلىكى ۋەزۆرۈرلۈكى، 2003 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا.

تۆتىنچى، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى»دا:

51. «شىنجاڭنىڭ ئوۋچىلىق تارىخى ھەققىدەقىسقىچە بايان»، 1991 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.

52 . «شىنجاڭنىڭ تۆمۈرچىلىك تارىخىغا دائىرئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار»، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

53. «شىنجاڭنىڭ قەغەزچىلىك ۋە مەتبەئەچىلىك تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان.

54. «‹شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى›نى تۈرلەرگەبۆلۈش ھەققىدە»، 1993 ـ يىللىق 3 — 4 ـ بىرلەشمە سانىدا.

55. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى»، 1995 ـ يىللىق 1 — 2 ـ بىرلەشمە سانىدا.

56. «شىنجاڭنىڭ ئالتۇنى ۋە ئالتۇنچىلىقى»،1997 ـ يىللىق 1 — 2 ـ بىرلەشمە سانىدا.

بەشىنچى، «مىراس» ژۇرنىلىدا:

57. «‹ئوغۇزنامە› توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»،1984 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا.

58. «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى بىر قىسىم ئۆلچەملىك سانلار توغرىسىدا»، «مىراس»نىڭ قوشۇمچىسى — «شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

59. «ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى بىلەن رىۋايەتلىرىنىڭ پەرقى توغرىسىدا»، 1986 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا.

60. «ئۇدۇن رىۋايەتلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى»،1993 ـ يىللىق 2 ـ سان.

61. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تارىختىكىتۇتېمىلىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.

62. «ئۇيغۇرلار نەزەرىدىكى ‹مەدەنىيەت› ۋە‹ئۆرپ ـ ئادەت› توغرىسىدا، 1999 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا.

63. «خاسيەتلىك سان ‹9› ۋە ئۇيغۇرمەدەنىيتى»، 1999 ـ يىللىق 6 ـ ساندا.

64. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى كەمەك ھەييارئوبرازى ھەققىدە»، 2000 ـ يىللىق 4 ـ سان.

65. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇچاق مۇقەددەسلىك قارىشى ھەققىدە»، 2001 ـ يىللىق 5 ـ سان.

66. «مەرىپەتپەرۋەر شائىر، مەرىپەت پېشۋاسىنىم شېھىت»، 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان.

ئالتىنچى، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا:

67. «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شائىر سەيدۇللا» ،1984 ـ يىللىق 10 ـ ساندا.

68. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى تاتاتۇڭا»، 1984 ـ يىللىق 12 ـ ساندا.

69. «يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ئارغۇن سالى»، 1985 ـ يىللىق 6 ـ ساندا.

70. «مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى نەيشەن»، 1985 ـيىللىق 3 ـ ساندا.

71. «يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدەبى —شۆئاڭفۇ»، 1985 ـ يىللىق 12 ـ ساندا.

72. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدا» ،1986 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

73. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى قارا سۆك مەدەنىيتى»، 1986 ـ يىللىق 6 ـ سان.

74. «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر باش ۋەزىر — ليەنشىشەن»، 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.

75. «تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رولىۋە ئورنى»، 1987 ـ يىللىق 5 ـ سان.

76. «مەشھۇر ئۇيغۇر فىلولوگى چوسكىخۇدزېر» ،1988 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

77. «جامال قارشى»، 1988 ـ يىللىق 10 ـساندا.

78. «ئۇيغۇر ئەدىب شەۋنچ قىيار (گۇەنيۈنشى)ئەسەرلىرى ئامېرىكىدا»، 1989 ـ يىللىق 6 ـ ساندا.

79. «يۈەن دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بوزيەر ئاچقۇچى ئۇيغۇرلار؛، 1989 ـ يىللىق 6 ـ ساندا.

80. «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر گېنېرال چاغان تۆمۈر»، 1990 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

81. «ئۇيغۇرلار ۋە ئالتۇن»، 1995 ـ يىللىق 5ـ ساندا.

82. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان تۇرمۇشىدىكى ماددىي مەئىشەت توغرىسىدا»، 1989 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

83. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدائىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقى ھەققىدە»، 1996 ـ يىللىق 1 ـ ساندا.

83. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدائىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقى ھەققىدە»، 1996 ـ يىللىق 10 ـ ساندا.

84. «لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئايال سىياسىئونى شۇلۇيۈلىدۇ»، 1997 ـ يىللىق 12 ـ ساندا.

85. «تارىخىمىزدىكى ئۈستى قۇرۇلما ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە دائىر مۆجىزىلىرىمىز ۋە مەشھۇر شەخسلىرىمىز»، 1998 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.

86. «ئېتىكا ۋە ئەجدادلار ئېتىكىسىنىڭ جەۋھىرى»،1998 ـ يىللىق 7 ـ ساندا.

87. «خەمسە ۋە خەمسەچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى»،1999 ـ يىللىق 11 ـ ساندا.

88. «پاراڭلىشىش ئادىتىمىزگە نېمە بولدى»،2000 ـ يىللىق 6 ـ ساندا.

89. «قۇربغار خان ئانا قوشاقلىرى»، 2000 ـ يىللىق 10 ـ ساندا.

90. «ئۇستازلار روھىدىن نېمىلەرنىئۆگىنىمىز»، 2001 ـ يىللىق 3 ـ ساندا.

يەتتىنچى، «ئاممۋى مەدەنىيەت» (شىنجاڭمەدەنىيىتى) ژۇرنىلىدا:

91. «‹قۇتادغۇبىلىك›تىكى بەزىبىر ئادەمئىسىملىرى توغرىسىدا»، 1984 ـ يىللىق 4 ـ ساندا.

92. «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكىكوللېكتىۋىزملىق روھ توغرىسىدا»، 1985 ـ يىللىق 5 ـ ساندا.

سەككىزىنچى، «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» (كىتابىۇنبىرى)دا ئېلان قىلىنغانلىرى:

93. «ياخشى يېزىلغان شېئىرلار»، 1981 ـ يىللىق 1 — 2 ـ بىرلەشمە سان.

94. «ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىيلىكىگەئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۇكى ھەققىدە»، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان.

95. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئەسەرلىرى»، 1999 ـ يىللىق 3 — 4 ـ ساندا.

96. «سەككاكىلارنى تونۇش ۋە ئۇ ھەققىكى مەنبەماتېرىياللار»، 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان.

توققۇزىنچى، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»دە:

97. «سىرىپس بىلەن سۇلىپنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە قارىشىم»، 1990 - يىللىق 4 - سان.

98. «ساكلارنىڭ قەشقەردە قالدۇرغان ئىزلىرى»،1992 - يىللىق 2 - سان.

99. «مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمگە دائىرقاراشلارغا تولۇقلىما»، 1992 - يىللىق 3 - ساندا.

100. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ يەر - جايناملىرى بىلەنمۇ ئاتالغانلىقى ھەققىدە»، 1993 - يىللىق 2 - سان.

101. «ياۋۇلۇق نامى ھەققىدە»، 1994 - يىللىق1 - سان.

102. «يېڭى ئۆستەڭ يېزىسىنىڭ بىنا قىلىنىشى»،1994 - يىللىق 2 - سان.

103. «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسگە قوشقان تارىخىي تۆھپىسى»، 1994 - يىللىق 3 - سان.

104. «قازىرىقنىڭ تۇماقچىلىقى ۋە تۇماقچى ئۇستاملار»، ھەمكارلىشىپ يازغان، 1995 - يىللىق 1 - سان.

105. «‹باغراش› نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، 2000 - يىللىق 4 - ساندا.

106. «ئۇيغۇرلار ۋە بالاساغۇن»، 2002 -يىللىق 2 - ساندا.

ئونىنچى، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا:

107. «ئەرگىنە قۇن رىۋايىتى ھەققىدە»، 1989 -يىللىق 2 - سان.

108. «بۇتۇرمىش تارقان ۋە خۇئاستۇئانىفت»،1990 - يىللىق 4 - سان.

109. «تەھرىر بۆلۈمگە بىر پارچە خەت»، 1992- يىللىق 2 - سان.

ئون بىرىنچى، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»دە:

110. «قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدا يېزىلغان تېبابەتچىلىككە دائىر ھۆججەتلەر»، 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان.

111. «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرتېبابەتچىلىكى»، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان.

112. «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك»، 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان.

ئون ئىككىنچى، «تارىم»دا:

113. «رېئاللىقتىكى ھايات كومېدىيەسى»، 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان.

114. «باللادا ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»،2003 ـ يىللىق 6 ـ سان.

ئون ئۈچىنچى، «بۇلاق» ژۇرنىلىدا:

115. «مەزلۇملار ئاھى» (دىلبەر دورغائەسىرى)، نەشرگە تەييارلانغان، 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان.

116. «غەربىي تەخەللۇسلۇق شائىرلار»، 2001 ـيىللىق 1 ـ سان.

ئون تۆتىنچى، «شىنجاڭ سەنئىتى»دە:

117. «شىنجاڭنىڭ گىلەمچىلىك تارىخى ھەققىدەقىسقىچە بايان»، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان.

118. «نافىس لىرىكىلىرىدا ئون ئىككى مۇقامتەسۋىرى»، 1993 ـ يىللىق 6 ـ سان.

119. «قازىرىق سەنئەت كۇرۇۋژىكىنىڭ بارلىققاكېلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» (ھەمكارلىشىپ يازغان)، 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان.

ئون بەشىنچى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرنىلىدا:

120. «ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى»، 1994 ـ يىللىق 6 ـ سان.

ئون ئالتىنچى، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»دا:

121. «ئېپوس ۋە ‹ئوغۇزنامە›نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە»، 1985 ـ يىللىق تۆنجى سان.

122. «ئوغۇزخان ھەققىدە تەھسىل»، 1985 ـ يىللىق 3 ـ سان، خەنزۇچە.

ئون يەتتىنچى، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»(لەنجۇ، خەنزۇچە)دا:

123. «شىنجاڭ يىپەك يولىنىڭ تۆگۈنى»(ھەمكارلىشىپ يازغان)، 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان.

124. «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى»، 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان.

ئون سەككىزىنچى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (بېيجىڭ، خەنزۇچە)دا:

125. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىدىكى شېئىرلار ھەققىدە ئىزدىنىش»، 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان.

126. «ئېلىمىزدىكى نەۋائى تەتقىقاتىغا دائىرئەھۋاللار»، 2002 ـ يىللىق 2 ـ سان.

ئون توققۇزىنچى، «مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەر»(بېيجىڭ، خەنزۇچە)دا:

127. «دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنى قېزىش ۋە تەھقىقلەش ئەھۋالى»، 2001 ـ يىللىق 2 ـ سان.

يىگىرمىنچى، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»(ئۈرۈمچى، خەنزۇچە)دا:

128. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىربىرقانچە مەسىلە ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان.

129. «‹ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋەھۆججەتلەرگە مۇقەددىمە› ھەققىدە»، 1999 ـ يىللىق 3 ـ سان.

يىگىرمە بىرىنچى، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر»دە:

130. «ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدائۆتكەن مائارىپچىلىرى»، 2000 ـ يىللىق 1 ـ سان.

**131.** «ئۇپالنىڭ يېقىنقى زامان سەنئەت ئىشلىرى ھەققىدە» (ھەمكارلىشىپ يازغان)، **2000** ـ يىللىق **1** ـ سان.

**132.** «مەملىكىتىمىزدە موللا موسا سايرامى تەتقىقاتىنىڭ ئەھۋالى»، **2000** ـ يىللىق **2** ـ سان.

**133.** «ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مەھمۇد قەشقەرى»، **2001** ـ يىللىق **1** ـ سان.

يىگىرمە ئىككىنچى، «تۇرپانشۇناسلىق»تا:

**134.** «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مائارىپ مەدەنىيىتى»، **2000** ـ يىللىق تۇنجى ساندا.

يىگىرمە ئۈچىنچى، «ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇشى تەتقىقاتى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، خەنزۇچە)دا:

**135.** «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىغا دائىر ئۈچ مەسىلە»، **2000** ـ يىللىق **4** ـ سان.

يىگىرمە تۆتىنچى، «پەن ۋە تۇرمۇش»تا:

**136.** «يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرئوزۇقشۇناس قۇسقۇي»، **1992** ـ يىللىق **4** ـ سان.

يىگىرمە بەشىنچى، «شىنجاڭ گېزىتى»دە:

**137.** «‹موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە›نى ئوقۇغاندىن كېيىن»، **1982** ـ يىلى **4** ـ ئاينىڭ **3** ـ كۈنى، **5** ـ ئاينىڭ **2** ـ كۈندىكىسانى.

**138.** «‹ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئۆچېرىكلار›نى ئوقۇپ ...»، **1983** ـ يىلى **3** ـ ئاينىڭ **23** ـ كۈندىكى سانى.

**139.** «‹دىڭلىڭلار، گاۋچېلار ۋە تېلېلار›دېگەن كىتاب نەشردىن چىقتى»، **1989** ـ يىلى **3** ـ ئاينىڭ **20** ـ كۈندىكى سانى.

**140.** «شىنجاڭنىڭ كۆمۈرچىلىكى ۋەتۆمۈرچىلىكى»، **1992** ـ يىلى **8** ـ ئاينىڭ **11** ـ كۈندىكى سانى.

**141.** «دىڭلىڭلارنىڭ قەدىمكى قاراسۆك (سۇ)مەدەنىيىتى»، **1992** ـ يىلى **7** ـ ئاينىڭ **21** ـ

كۈندىكى سانى.

142. «مەشھۇر كىلاسسىك ئەسەر ‹بەشنامە›»، 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى سانى.

143. «شەنشى ئۆلكىسىدىكى كۈسەن ناھىيەسى ۋەۋېنسۇ (ئۇنسۇ) چوققىسى دېگەنناملارنىڭ قويۇلۇشى توغرىسىدا»، 1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىكى سانى.

144. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ئۇنىڭ خام ماتېرىيالى»، 1993 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىكى سانى.

145. «ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدە»، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىكى سانى.

146. «ئۇيغۇر تىياتىرچىلىق تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك ئىزدىنىش»، 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى سانى.

يىگىرمە ئالتىنچى، «ئاسىيا كىندىكى»دە:

147. «‹يىپەك يولىدىكى قەدىمكى شەھەرسەمەرقەند› دېگەن ماقالەقىسقىچە تولۇقلىما»، 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى سانى.

148. «مەملىكىتىمىزدىكى نەۋائىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يۈزلىنىشى»، 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىكى سانى.

يىگىرمە يەتتىنچى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى»دە:

149. «‹بىر جۈپ پەرىشتە› ناملىق ئوپېراھەققىدە — دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە»، 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانى.

150. «ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىنى قېزىش يولىدا»، «ئاسىيا كىندىكى» 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى سانى.

يىگىرمە سەككىزىنچى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە:

151. «تارىخىي رەشىدى ۋە ئەلىشىر نەۋائى»،1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى سانى.

152. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەڭگۈ تاش يازمايادىكارلىقلىرى توغرىسىدا»، 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى سانى.

153. «يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىرسەيدۇللا»، 1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى سانى.

154. «قەدىمكى ئۇيغۇر شائىرى ئاپرىنچورتېگىن»، 1984 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانى.

155. «يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر مازۇچاڭ»،1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى سانى.

156. «تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ يۈرتى ھەققىدىكى ھەر خىل قاراشلار ھەققىدە — ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە»، 1984 ـيىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانى.

157. «شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، 1984 ـيىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سانى.

158. «ئۇيغۇر يازغۇچىسى سەۋنچ قىيا ئەسەرلىرى ئامېرىكىدا»، 1988 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانى.

159. «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىرماقالىلار توپلىمى ھەققىدە»، 1988 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى سانى.

160. «دىڭلىڭلار، ئېگىز قاڭقىلىقلار ۋەتېلېلەر» ناملىق كىتاب ھەققىدە، 1988 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانى.

161. «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇراتۈزلەڭلىكتىكى جوڭشەن بەگلىكى توغرىسىدا»، 1989 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكسانى.

162. «‹جوڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنلىرى ۋە مىفلىرى قامۇسى› ھەققىدە»، 1991 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى سانى.

163. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ سەددىچىن سېپىلىنى ياساش ئەمگىكىگە قاتناشقانلىقى ھەققىدە»، 1992 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـكۈنىدىكى سانى.

164. «قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى يېڭى قاراش»، 1993 ـ يىلى 3 ـ

ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانى.

165. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاتا ـ بالا ئەدىبلەر»، 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى سانى.

166. «ئۇيغۇرلارنى قاپاق ۋە نوگاي بۆيۆملىرى»، 1994 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى سانى.

167. «‹ئوغۇزنامە›نىڭ نۇسخىلىرى توغرىسىدا»، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانى.

168. «باللارغا ھېيتلىق بېرىش ھەققىدەئويلىغانلىرىم»، 1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانى.

يىگىرمە توققۇزىنچى، «يېڭى ھايات گېزىتى»(قازاقىستان)دا:

169. «خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى»، 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى سانى.

ئوتتۇزىنچى، «كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالەسەھىپىسى»دە ئېلان قىلىنغانلار:

170. «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆشۈكى» (ھەمكارلىشىپ يازغان)، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 36 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

171. «‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ شېئىرىي خۇسۇسىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈزگەن «ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى»غا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

172. «ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى نەۋائى».

173. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ئىزدىنىش» (بۇ ئىككى ماقالە «غەربىي يۇرت ئەدەبىياتىغا دائىرماقالىلار توپلىمى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان).

174. «قازىرىقتا مائارىپ ۋە سەنئەت»(ھەمكارلىشىپ يېزىلغان)، بۇ ماقالە «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» ناملىق توپلامنىڭ4 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، 1999 ـ يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە

بېسىلغان.

**175**. «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇيغۇرخەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھەمكارلىشىپ يازغان)، بۇ ماقالە «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ 20 يىلى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ 2000 ـ يىلى خەنزۇچە بېسىلغان.

**176**. «نەۋائىنىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىيئەجادىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، بۇ ماقالە «ئۇلۇغ شائىر نەۋائى» ناملىق توپلامغاكىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

**177**. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئەلىشىر نەۋائى»، بۇ ماقالە «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

**178**. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكىمۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ھەققىدە ئىزدىنىش»، بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات — ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى نەشرقىلىنغان.

**179**. «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭدا ئۇيغۇر قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، بۇ«شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى»غاكىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرقىلىنغان.

**180**. «ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىنى قېزىش يولىدىكى تىنىم تاپماس ئەزىمەت»، بۇ «ئۇرۇمچى تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 11 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

IV ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا تاللىنىپ ئوقۇلغان، توپلاملارغاكىرگۈزۈلگەن ماقالىلار

**181**. «قەدىمكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىيەلىرىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك›تىكى ئىزلىرى»، بۇ 1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدائۆتكۈزۈلگەن «قۇتادغۇبىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلۇپ،

قەشقەر ئۇيغۇرنەشرىياتى تەرپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇبىلىك›
ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

**182.** «ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى بىلەن رىۋايەتلىرىنىڭ پەرقى ھەققىدە ئىزدىنىش»، بۇ 1985 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان.

**183.** «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى»، بۇ 1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان «جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان.

**184.** «شامان دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ‹بۆگۈخان› رىۋايىتى»، بۇ 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىچكى موڭغۇلنىڭ خەيلار شەھرىدە ئېچىلغان «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئېپىك ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى» نامىدىكى مەملىكەتلىك مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇشقا تاللانغان.

**185.** «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك›كە بولغان تەسىرى»، بۇ 1993 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان «خەلقئارا ‹قۇتادغۇبىلىك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى «‹قۇتادغۇبىلىك› خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلۈپ، 1993 ـ يىلى خەنزۇ، ئېنگلىز تىللىرىدا بېسىلغان.

**186.** «قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە»، بۇ 1993 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قۇمۇلدا چاقىرىلغان «شىنجاڭ قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان.

**187.** «دولانلار ۋە دولانلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى»، بۇ 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەكىتتە چاقىرىلغان «شىنجاڭ دولان مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان.

**188.** «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ 1680 —1758 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە»، بۇ 1994 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان.

**189.** «‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك›تىكى ‹قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى›گە دائىر داستان ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى ھەققىدە»، بۇ 1996 ـ يىلى 11 ـ

ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان«جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي جەمئىيتى»نىڭ 8 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ئوقۇلغان.

**190.** «ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە»، بۇ 1997 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان «مىللىي فولكلورمەدەنىيىتى ۋە بۈگۈنكى جەمئىيەت خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان ھەم ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يىغىننىڭ «ماقالىلار قىسقىچە توپلىمى»دا خەنزۇچە بېسىلىپ چىققان.

**191.** «شىنجاڭدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، بۇ ماقالە 1997 ـ يىلى 6 ـ ئايدا لەنجۇداچاقىرىلماقچى بولغان «دېڭىز بوغۇزىنىڭ قىرغىقىدىكى زاڭزۇشۇناسلىق، موڭغۇلشۇناسلىق،ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇشقا تاللىنىپ، «دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى زاڭزۇشۇناسلىق، موڭغۇلشۇناسلىق، ئۇيغۇرشۇناسلىق ماقالىلىرى توپلىمى» تەركىبىدە «غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1997 ـيىللىق 2 ـ سانى ھېسابىدا خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

**192.** «‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ مەنسۇبىيىتى ھەققىدە»، بۇ 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەردە چاقىرىلغان «مەملىكەتلىك‹قۇتادغۇبىلىك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلۇپ، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە‹قۇتادغۇبىلىك›» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنغان.

**193.** «ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇيغۇركىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى»، بۇ 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭداچاقىرىلغان «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى» ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلۇپ، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىنىڭ 2000 ـ يىللىق 2 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

**194.** «ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە بوۋا ـمومىلارنىڭ نەۋرە تەربىيەلەشتىكى رولى»، بۇ 1998 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ياپونىيەنىڭ فوكوكوۋا مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتىدا چاقىرىلغان «ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ

مائارىپمەدەنىيىتى ساھەسى بويىچە تۆتىنچى قېتىملىق مۇھاكىمە يىغنى»دا ئوقۇلۇپ، «ئۇيغۇرلار بىلەن ياپون ياللىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات»ناملىق مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلۈپ، ياپونىيە فۇكۇكۇا مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن1999 ـ يىلى ياپونچە بېسىلغان.

195. «ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى ۋە مەھمۇد قەشقىرى»، بۇ 2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان «جۇڭگو(تۈركىي تىللار دىۋانى) ئىلمىي مۇھاكىمە يىغنى»دا ئوقۇلغان.

196. «جۇڭگودا موللا بىلال ھەققىدىكى مەلۇماتلار»، بۇ 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئالمۇتىدا چاقىرىلغان «شەرق شائىرى موللابىلال تۇغۇلغانلىقىنىڭ 175 يىللىقى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغنى»دا ئوقۇشقاتاللىنىپ، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە تەتقىقاتلار» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا كىرگۈزۈلۈپ،بېسىلىپ چىققان.

197. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتى»، بۇ 2001 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان «دېڭىزبوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەمائارىپ مەدەنىيىتى مەسىلىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغنى»دا ئوقۇشقا تاللانغان.

198. «مەملىكىتىمىزدىكى نەۋائىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، بۇ 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن«ئەلىشىر نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغنى» دا ئوقۇلۇپ «يىغىن ئىلمىي ماقالىلىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.


199. «نافېس لىرىكىلىرىدىكى ئون ئىككى مۇقام تەسۋىرى ھەققىدە قايتا ئىزدىنىش»، بۇ 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدابېيجىڭدا ئېچىلغان «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي يىغنى»دا ئوقۇلغان.


قوشۇمچە :غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر ئەپەندىنىڭ يەنە بىر قىسىم ماقالىلىرى خەنزۇ،تۈرك ،ياپون تىللىرىدا ئېلان قىلىنغاچ ،چاممىزنىڭ يېتىشچە تىرىشىپ كۆرگەن بولساقمۇ ،ئۇيغۇر تىلىدا ماقالىلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تولۇق تۇرغۇزۇش قىيىن بولدى،چۈنكى ماقالەماۋزۇسىنى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا ،كۆپخىل تەرجىمە چىقىپ قېلىپ،ماقالىلەرنى ئىزدەشكە قىيىنچىلىق

تۈگىدۈرىدىكەن .شۇڭا قىزىقىدىغانلار ئۈچۈن خەنزۇچە تولۇقراق تۈرگۈزۈلگەن ئەسەرلىرى تىزىملىكىنى بەردۇق .


غەيرەتجان ئوسمان ئۆتكۈرنىڭ ئۆزى تۈزگەن،تۈزۈشكە قاتناشقان كىتابلارنىڭ چەتئەلدە ماقالىلىرى بېسىلغان بىر قىسىم مەجمۇئەلەرنىڭ سۈرەتلىرى:


















維吾爾
文學史
WEIWUER WENXUESHI
新疆大学出版社



غەيرەتجان ئوسمان
ئۇيغۇرلار
شەرقتە ۋە غەربتە


郭卿友 主编
英才传
中国历代少数民族
甘肃人民出版社


ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى
2



阿尔泰神话研究回眸
A Retrospect of Studies
in Altaic Mythology
那木吉拉 主编
民族出版社



维吾尔古代文学论稿
海热提江·乌斯曼 著



ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى
3






ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى



ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات
تارىخى



ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ
قىسقىچە تارىخى



ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى
قىسقىچە تارىخى
2
1



维吾尔古代文学研究
海热提江·乌斯曼 著
新疆大学出版社


ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىيات تارىخى


ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى
تارىخىدىن تېزىس


ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى



ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىيات تارىخى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




«قەشقەر» مەجمۇئەسى (22)
قەشقەر
كىلاسسىك ئەدەبىياتى




国家社会科学基金项目（2009-2012）批准号：09BMZ019
喀孜艾日克村民族学调查
主持人：海热提江・乌斯曼
新疆大学人文学院中文系
2012.12.30






论伟大的诗人
纳瓦依
新疆人民出版社

يىللار ۋە ئەسلىمىلەر
2











غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ ئىلمي پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر:







غەيرەتجان ئوسمان ئۇستازى ھەم خىزمەتدىشى شەرپىدىن ئومەر بىلەن بىللە



ئۇستازلىرى، خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە.(1995 ـ يىلى)



ئالىم ئىمىن تۇرسۇن بىلەن بىللە.



دوكتۇر ئۆمەرجان ئابلا بىلەن فۇجىشەن تېغىدا(1998 ـ يىلى11 ـ ئاي)



سەيپىدىن ئەزىزىلەر بىلەن بىللە.



هاسمی ئەپەندىگە سوۋغا تەقدىم قىلىش(توكيو1998 ـ يىلى 11 ـ ئاي)






شۆھرەت مۇتەللىپلەر بىلەن بىرگە.(2008 ـ يىلى9 ـ ئاي)






تۈركىيە، بۇرسا (2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي)





ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە.

ئاخىرىدا بارلىقىنى ئۇيغۇر ئالىي مائارىپى ئوقۇتۇشى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتقا بېغىشلىغان مۆھتەرەم ئۇستازىمىز غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، تۇرمۇشىغا خۇشاللىق، ئائىلىسىگە بەخت، خىزمىتى ۋە تەتقىقاتىغا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز!

# ئىلمىي ئىجادىيەت ئۈچۈن سوتقان يۈرەك

**ـــ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ ئىلمىي ئىجادىيتى ھەققىدە قىسقىچە بايان**

(يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلمىي پائالىيەتتە ئوقۇلغان.

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۈر

يەنە بىر گورۇھ ئۇ ئالىملار ئېرۇر،
ئۇلار ئىلمىي خەلقىنىڭ يولىن يورىتۇر.
قاتتىق سۆي ئۇلارنى ،قەدرىلە سۆزىن،
تولا ياكى ئازدۇر ئۆگەن بىلگىنىن.
يارامسىزنى قىلىپ پەرق يارامىلىق ـ ئۇلار،
تۇتار پاك ـ پاكىزە يولىنلا شۇلار.
ئۇلارنىڭ ئىلمنى ئۆگەن ،تىرىش ،بىل،
قىلىپ ياخشىلىق كۆت ،ئۇشاتمىغىن تىل.
ئېرۇر چىندىن ئۇلار بۇ دىن تۈۋرۈگى،
ئۇلارنىڭ ئىلمى ،چىن شەرىئەت كۆكى.
يوق ئەرسە جاھاندا ھېكىم ،ئىلىملىك،
تېرىپ ،ئۈنمەس ئەردى يەردە يىگۈلۈك.
ئۇلار ئىلمى بولدى جاھاندا چىراق،
يول ئازماس كېچىدە يورىسا چىراق.
مېلىگدىن بېرىپ تۇر چۈچۈك سۆز بىلە،
يىگۈز ئاش ـ نېنىڭنى ،خىزمەت قىل كۆلە.
ئېگىز ـ پەس سۆز ئېيتما ،تۇرغىن ئەيمىنىپ،
زەھەردۇر ئۇلارنىڭ گۆشى قال بىلىپ.
قوپال سۆزلىمە ،ئاش تۇزۇڭنى يىدۇر،

ئۇلارنى قەدىرلەپ، ئەزىزلەپ كۆتۈر.
ئىشت گەپ ـ سۆزنى، ئىشلەت ئىلمنى،
يامانلاپ يۈرمە سەن خۇيى ـ پەيلنى.
ئۇلاردىن كېرەكى ساڭا ئىلمدۇر،
يىتەكلەپ، ساڭا ھەق يولىن كۆرستۇر.
ئۇلار قوي پادىسى ئىچرە سەركەدۇر،
ئۇ باشلاپ ماڭسا قوي تۈز يولغا يۈرۈۈر.
قوشۇل ھەم ئۇلار بىرلە سەن ياخشىلاش،
قۇتاتقاي ساڭا ئىككى دۇنيا تۇتاش.
(يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» 4341 ـ دىن 4354 ـ بېيىتكىچە)

ھۆرمەتلىك مېھمانلار، بۈگۈن بىز تولۇپ تاشقان سۆيۈنۈش ھىسسىياتىمىز، خۇش چاغ كەيپىياتىمىز بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان پارلاق رىستۇرانىنىڭ كۆركەم، ئازادە بۇ خانىسىدە ئولتۇرۇپ، مۆھتەرەم دوستىمىز، شىجائەتلىك دەۋردىشىمىز، تەلەپچان كەسىپدىشىمىز، ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ مول ھوسۇللۇق ساھىبى يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ 52 ياشقا تولغانلىقى، ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 25 يىللىقىنى تەبرىكلەپ تۇرۇۋېتىمىز.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق 1958 ـ يىلى12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئارتۇش شەھرىنىڭ سۇنتاغ يېزىسى شورۇق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە ئۆز يۇرتىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇغان. 1978 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمەتتىكى ۋاقتىدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن قىلغان.

كۆرستىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالىنىپ، مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان. **1991**-يىلى نەشر قىلىنغان «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا»ناملىق كىتابى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا **2**-دەرىجىلىك نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ **1996**-يىلى **12**-ئايدىن باشلاپ خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئۆرۈمچىدە ئولتۇراقلىشىپ. ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە بىر جەھەتتىن ئىزچىل يوسۇندا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق **11**-ئەسىردىكى ئىككى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل كاتتا ئەسەرلىرى «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» توغرىسىدىكى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئىلمىي ئىزدىنىشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاساسىي يۆلىنىشى قىلىپ، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ **1986**-يىلى ساھەدە چوڭ ئۇتۇقلارنى ، ئەھمىيەتلىك قەشقەردە ئېچىلغان «تۈنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ‹قۇتاغۇبىلىك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىسخىكىلىق ھادىسىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتى ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى»دېگەن ئىلمىي ماقالىسى ۋە **1993**-يىلى **10**-ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان «خەلقئارالىق ‹قۇتادغۇبىلىك› ئىلمىي مۇھكىمە يىغىنى» دا «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چۈش تەتقىقاتى»ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ، ئىلمىي تەتقىقات يولىغا رەسمىي كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ، ھېرىش - چارچاشتىن قورقماي، تۈرلۈك - تۈمەن قىيىنچىلىقلارنى مەردانىلارچە يېڭىپ، يۈكسەك غايە، تەۋرەنمەس روھ، قەتئىي ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلمىي تەتقىقات، ئىلمىي ئىزدىنىش يولىدا مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەڭ جامائەتنىڭ، ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق قىسقىغىنە ئون نەچچە يىل ئىچىدە يېزىپ ئېلان قىلغان كىتابلىرى **25** پارچە، ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرى **110**پارچىدىن ئارتۇق، ئومۇمىي ھەجمى بەش مىليون

خەتتىن ئاشىدۇ.

بۇ سان ـ سىپىرلاردىن كۆرىۋىلىشقا بولىدۇكى،يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ ئىلمىي ئىجادىيىتىنىڭ سانى، يەنى ھەجمى ئالاھىدە كۆپ بولۇپ،ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئەقلى ئويغاق ئىنسان ھايران بولۇپ.ئاپىرىن ئېيتماي قالمايدۇ. .

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئەنە شۇنداق مول ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق چوڭقۇر تارىخىي مەزمۇن، قاتلاملىق مەدەنىيەت ئاملىنى ۋە قويۇق دەۋر پۇرىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ. زاماندىشلىرىنى ئەجداتلار تارىخىنىڭ سەلتەنەتلىك يالداملىرى ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇپ، يېڭى دەۋرنىڭ كەسكىن رىقابىتى،قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان ھايات سەھنىسىدە يۈرەكلىك ھالدا ئالغا چامداشقا،ئۆزىنى تونۇشقا ۋە تونۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى ۋىجدانى بۇرچى قىلىپ كەلدى،شۇنىڭ بىلەن بىرگە روھىي ساغلاملىقنى، ياخشىلىقنى،ئىلىم ـ مەرىپەت ھىرىسمەنلىكىنى، ئىنسانىي مىزاننىڭ يادروسى قىلىشنى، ئۈمىدۋارلىق، چىدامچانلىق، ئىناقلىق، نومۇسچانلىق، سەمىمىلىك، مەردانىلىق، ئەمگەكچانلىق، ئىجادچانلىق قاتارلىقلارنى ئادىمىلىكنىڭ مەزمۇن قاتلاملىرى قىلىشنى ئىلمىي تەشەببۇسىنىڭ موھىم مەزمۇنى قىلىپ كەلدى.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئىلمىي ئىجادىيەتتە روشەن خاسلىق شەكىللەندۈرگەن ئاپتۇرلارنىڭ بىرى.ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق تەرەپلەردىن كۆرستىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»(تۈركىي تىللار دىۋانى) توغرىلىق ئىزدىنىشنى ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ ئۇق يىلتىزى قىلىش.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئىلىمىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن باشلاپ غەيرەت ـ شىجائەت كە تولۇپ،چەكسىز ئېتىخارلىق ھىسسىياتى،يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى،پىشقان يېزىقچىلىق ماھارىتى بىلەن بۇ ئىككى گىگانت ئەسەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ،ئۇنىڭ ئۇگە ـ ئۈگىلىرىنى تەكشۈرۈشكە جۈرئەت قىلدى.ھەربىر مەزمۇنغا نەزەر ئاغدۇردى. ھەتتا ھەر بىر بېيىتلىرى ھەققىدە بىر پارچىدىن ماقالە يازدى. «بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماڭ» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 12 .1989)، «كىسەلنىڭ داۋاسى، توگۈننىڭ يېشىمى بولىدۇ» «شىنجاڭ

ياشلىرى» ژۇرنىلى 1992.2)، «يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۈمىد ۋە خەۋپ توغرىسىدا» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1991.12)، «مۇۋەپپىقىيەتنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىڭىزنىڭ ئىلكىدە» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1992.10)، «يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا»(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»،1985.8.2)، «يۈسۈپ خاس هاجىپ هاراقكەشلىكنى تەنقىتلىگەن»(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»،1985.9.2)قاتارلىق ماقالىلىرى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»تەتقىقاتى ساهەسىگە رەسمى كىرىپ كېلىپ، بارا ـ بارا مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئىلمي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە«‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى خەلقچىللىق روھ ۋە ئۇنىڭ ئورنى»(«قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمي ژورنىلى»، 1989.5) . «يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيىسى توغرىسىدا»( «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمي ژورنىلى»،1989.2)، «‹قۇتادغۇبىلىك› تە بايان قىلىنغان هايات ـ ماماتلىق قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى توغرىسىدا»( «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمي ژورنىلى»،1991.1)، «يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۈمىد ۋە خەۋپ توغرىسىدا»(«شىنجاڭ ياشلىرى»،1991.11)، « ‹قۇتادغۇبىلىك›يېزىلغان يىللار ۋە مۇئەللىپىنىڭ ياش قورمى»( «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1992.11.3)، «يۈسۈپ خاس هاجىپ رۇبائىلىرى»( «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»،1992.7.14)، «يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئىنسانىي قىممەت ئۆلچىمى نۇقتىسىدىن ئادەم تەتقىقاتىغا نەزەر»(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى تەتقىقاتى» 1992.1)، «يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ بەخت ـ سائادەت ئىدىيىسى توغرىسىدا»( «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمي ژورنىلى»، 1992.12)، « ‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ ئوتتۇرا ئەسىر قىممەت ئېڭى ئۈستىدىكى مۇۋەپپىقىيىتى»، («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمي ژورنىلى»،1994.2)، «يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ دۆلەتنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى توغرىسىدا»، («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمي ژورنىلى»،1995.4)« ‹قۇتادغۇبىلىك› تە بايان قىلىنغان كىشىلىك خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار»، «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمي ژورنىلى»،1995.3. «ئۆمۈرگە نە ئەپسۇس، ئەمگەكسىزلىككە ئىست ـ ‹قۇتادغۇبىلىك›تىن بايان»، «مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقى»، 1996.1. «ئىلىم دۇنياسىدا ‹قۇتادغۇبىلىك› ھەققىدىكى قىزىق نۇقتىلار»( «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2004.4) «ئۇيغۇرلاردىكى ئۇلۇغ خاس ھاجىپ مۇئەسسەسسى ۋە يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىلار ھاكىمىيىتىدە ئوينىغان رولى»(«بۇلاق»،2005.4) «بەخت ئەلچىسى- يۇسۇپ خاس ھاجىپ» ( «جۇڭگو مىللەتلىرى»،2006.4)،.« ‹قۇتادغۇبىلىك› پەقەت تەتقىق قىلىش ئۈچۈنلا يېزىلغانمۇ»( «شىنجاڭ مائارىپى» 2006.4)، « ‹قۇتادغۇبىلىك› تىن بايان - مىللەت ۋە پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرى ئاتىلارنىڭ قولىدا»( «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، 2006.5)،«فولكلور دىتاللىرنىڭ‹قۇتادغۇبىلىك› تە ئوبرازلىششى»( «بۇلاق»،2010.4)،قاتارلىق ئو نەچچە پارچە ئەھمىيەتلىك ماقالىلارنى يېزىپ ئىلان قىلدى.

تۇغلۇق ئەپەندى بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالماستىن، يەنە «قۇتاتغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا « ئوغلۇم ئالدىڭغا قارا»( قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ، 2004-يىللار)، «ھايات ۋە مۇۋەپپىقىيەت»( قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1991-يىلى 1-قېتىم نەشر قىلغان، تۈزىتىلگەن نۇسخىسى نەشر قىلىنىش ئالدىدا)، «قۇتادغۇبىلىك»دەرسخانىسى، (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتى نەشرىياتى، 2000-يىلى)، «بەخت-سائادەت ئەلچىسى - يۇسۇپ خاس ھاجىپ» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،2003 -يىلى)، «‹قۇتاتغۇبىلىك› تەتقىقاتى»I، ( — «11- ئەسر ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستتى نەشرىياتى، 2006-يىلى)، «‹قۇتاتغۇبىلىك › تەتقىقاتى» II ( — « يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستتى نەشرىياتى، 2006-يىلى) قاتارلىق مەخسۇس كىتاپلارنى يېزىپ،كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىدا ۋە كىتاپ ئىشكابىدا «قۇتاغۇبىلىك» تەتقىقاتى توغرىسىدا رەڭگا- رەڭ كىتاپلارنىڭ بولىشى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسىنى قوشتى. بۇ جەھەتتە ھەتتا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇنى ۋە روھىنى ئۆسمۈرلەرگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە يۇسۇپ خاس ھاجىپقا بولغان مۇھەببىتىنى ئويغىتىشقا بەلگىلىك دەرىجىدە ئەجىر قىلدى.

تۇغلۇق ئەپەندى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ

«قۇتادغۇبىلىك»ناملىق داستانىنىڭ نەسرىي ئۇبرازىنى يارىتىش مەخسىدىدە«قۇتاغۇبىلىك»ناملىق رومانىنى يېزىپ،تارىختا ھىچكىم قىلىپ باقمىغان يېڭى بىر ئەمگەكنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ھەممىمىزنى،ئىلىم تەلەپكەرلىرىنى چەكسىز سۆيۈندۈردى.شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ئەمگەكنى ئارقىلىق ئەسەرنى تار دائىرىدىكى بىر قاتلام زىيالىلاردىن ھالقىپ، مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان كەڭ خەلق چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان ئەسەرگە ئايلاندۇرۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» نى يېڭى بىر سۈپەتكە ۋە يېڭى بىر مەقسەتدارلىققا ئېرىشتۈردى. «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىدىيە ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتدارلىق رولى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ، زامانىمىز ئەۋلادلىرىنىڭ مىللىي غايە، مىللىي قىممەت قارىشىنى تىكلىشىگە مۇھىم مەنىۋى مەنبە كۆرسىتىپ بەردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن زاماندىش ئۇلۇغ تىلشۇناس ۋە فولكلورشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي توغرىسىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بارمىغاندا قاراخانىلار خانلىقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى مەدەنىيەت ئالتۇن دەۋرىنى مۇكەممەل يورۇتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلغان تۇغلۇق ئەپەندى،بۇ توغرىلىقمۇ ئوخشاشلا ئىلمىي ئىزدىنىشنى قولغا ئېلىپ،كەڭ ئىلمىي خادىملارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىگە نائىل بولدى.ئۇ مەھمۇد كاشغەرىي ۋە«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»توغرىلىق: « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر»(«مىراس»،1993.1)، «مەھمۇد كاشغەرى‹ئۇيغۇر›تەبىرى توغرىسىدا» («قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى»،1993.3)، « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى پاكىتلاردىن قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە نەزەر»(«قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى»،1994.3)،«11 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغ فولكلور پىشۋاسى مەھمۇد كاشغەرى» («مىراس»،1994.4)،« ‹تۈركى تىللار دىۋانى› دا خاتىرلەنگەن قىسمەن يەر ـ جاي ۋە قەبىلە ناملىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»( 1995.1)،«مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش»( «مۇنبەر»،5. 2005)،« ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى شىئىرىي پارچىلار ۋە 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»( «بۇلاق»،2007.5)، « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى ياسىنىش سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر»( «مىراس»، 2007.6)، «11 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئىزچى ـــ مەھمۇد كاشغەرىي»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»(2008.5)، « ‹تۈركىي تىللار

دىۋانى › دىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ يېشىمى»( «مىراس» 2008.4)، « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى › دىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ يېشىمى(داۋامى)»( «مىراس»، 2008.5 )، «قىممەتلىك ئۈنچۈر»( «شىنجاڭ ياشلىرى» .2008.5، بۇ ماقالە ئابدۇراززاق سايىم باش تۈزگۈچىلىكىدىكى «تۇققانچىلىق ئاتالغۇلىرى ھەققىدە تەتقىقات»ناملىق كىتاپقا كىرگۈزۈلۈپ،شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 2010 ـ يىلى بېسىلغان)، « ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك › تىكى سودا ـ سېتىق،پۇل مۇئامىلىگە دائىر بايانلار»، («كۇسەن مەدەنىيىتى»، 2010.1)، « ‹ دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك › دىكى چالغۇ ئەسۋابلار ھەققىدە» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى)قاتارلىقلار ئالقىشلانغان ماقالىلار ھېساپلىنىدۇ.

تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ « دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك » تەتقىقاتى كەڭ دائىرىلىك ۋە سېستىمىلىق بولۇپ، ئۇ بۇ گىگانىت ئەسەرنىڭ سېھرىي نۇرى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ خاقانىيە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرىنى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت مەنتىقىسىنى يورۇتۇش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

تۇغلۇق ئەپەندى«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»توغرىسىدىكى ماقالىلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ چىققاندىن باشقا بۇ بىباھا قامۇسنى يەنە بىر قېتىم قىدىرىپ تەكشۈرۈپ،ئۇنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان جاۋاھىرلارنى،ئەسەر مەيدانغا كېلىپ مىڭ يىلدىن كېيىن،يەنى 21 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك كۆزى بىلەن قايتىدىن نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن قامۇسنىڭ شەرھىسى بولغان ئىككى مىليون خەتلىك زور ھەجىملىك « ‹دىۋانۇ لۇغەتىن تۈرك › كە شەرھى»دېگەن قۇرال كىتابىنى يېزىپ،نەشر قىلىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ھازىرلاپ بولدى. بۇ كىتاپ نەشر قىلىنىدىغان بولسا،بىز كەڭ ئىلىم تەلەپكارلىرىنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتكەن بولىدۇ،ئەلۋەتتە.

11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن بىر ئالتۇن دەۋرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.ئۇنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ،مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئىبارەت قوشماق ئالىملىرى بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىنىڭ بىر جۈپ ئالتۇن چوقىسىنى تەشكىل قىلغان.تۇغلۇق ئەپەندى بۇ قوشگىزەك ئالىملارنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ،زاماندашلىرىنى بۇ

توغرىلىق ئىلمىي،قىياسىي ئۇچۇرغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن «بىر دەۋر تۈققان قوشگېزەك ئالىملارنىڭ مۇناسىۋەت خاراكتېرى»( «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى ئىلمىي ژورنىلى» ،1991.1) ، «ئىككى ئالىمنىڭ پورترېتى ۋە مىللىي خاراكتېرى»( «جۇڭگو مىللەتلىرى» ،2006.5) قاتارلىق ماقالىلارنى ئېلان قىلدى.

دېمەك،تۈغلۇق ئەپەندىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ،مەھمۇد كاشغەرىي توغرىسىدىكى ئىزدىنىشى خېلىلا ئەتراپلىق،سېستىمىلىق بولۇپ،ئېلىمىزدە ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ئۇتۇقلىرى ئىچىدە سان جەھەتتە كۆپ،قاپلىنىش دائىرىسى كەڭ،ئاممىباپلىقى ۋە تەسىرچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك،ئوقۇرمەنلىرى كۆپ بولۇش بىلەن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ،دېيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى،دەۋرىمىز ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ تاكامۇللىقىغا ئىنتىلىش،زامانىۋى روھىي ساغلاملىق،چاغداش مەنىۋى كامىللىقلىقنى تەشەببۇس قىلىشنى ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ قانىتى قىلىش.

تۈغلۇق ئەپەندى ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئىنساننىڭ زىننىتى ئىكەنلىكىنى،ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ،راۋاجلىنىپ بارىدىغانلىقىنى،ئەخلاقىي تاكامۇللۇقنىڭ يۈكسەك غايە ئىكەنلىكىنى،دەۋرگە خاس زامانىۋى روھىي ساغلاملىق،مەنىۋى كامىللىق ئىدىيىسىنى تىكلىمەي تۇرۇپ،دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە ئىلگىرلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى،ئارقىدا قالىدىغانلىقىنى،شاللىنىپ قېلىنىدىغانلىقىنى،ھەتتا ئۈزلۈكنى يوقۇتۇپ قويىدىغانلىقنى يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ھىس قىلىپ،بۇ ساھەدە ياخشى ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ،ئاما ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىپ كەلدى.مەسلەن:

« ‹ئوغۇزنامە›دىكى قىرىق مۇقەددەسلىكى ۋە ئەئەنىۋىي ئۆرپ ـ ئادەت»( «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» ،1988.4 ) ،«قائىدە ـ يوسۇن مىللىي ئۆزلۈكنىڭ جۇلاسى» (بۇلاق ژۇرنىلى 2008 ـ يىلى) ، «مەدەنىيلىشىشمۇ ، ياتلىششمۇ» ( «بۇلاق» ژۇرنىلى) ، «ئەنئەننى سۆيۈش ـــ مىللەتنى سۆيۈشتۇر»( «جوڭگو مىللەتلىرى» 2001.4) ، «پەزىلەت غۇنچىسى چۇمپەردە ئىچىدە ئەمەس، قەلىپ تۆرىدە ئېچىلسۇن»( «جوڭگو مىللەتلىرى» 2001.5)

، «پەرزەنتلار ئۆز قىممىتىنى جەمئىيەتتىن تاپسۇن»( «جوڭگو مىللەتلىرى» 2001.6)، «ئارزۇنىڭ چېكى يوق، نەپسىنىڭ تېگى»( «شىنجاڭ ياشلىرى» 2001.9)، «مەدەنىيلىشىشمۇ، ياتلىشىشمۇ؟»( «بۇلاق» ژورنىلى 2002.4 2002.5 2002.6 سانلىرى)، «قىممەت تارازىسىدىكى قىسمەتلەر»( «جۇڭگو مىللەتلىرى» ،2005.1)، «بىز پەرزەنتلىرىمىزگە ،جەمىيەتكە يۈز كىلەلەمدۇق»( «شىنجاڭ ئاياللىرى» ،2005.2)، «ئىنسان تەبىئىتى ۋە نومۇس»( «جۇڭگو مىللەتلىرى» ،2005.4)«نومۇس ۋە ئەقىدە»( «جۇڭگو مىللەتلىرى» 2006.1 )، «كىشىلىك هايات ۋە نومۇس»( «جۇڭگو مىللەتلىرى» 2006.3)، «بەھرىمەن بولۇۋاتقانلار، مەھرۇم قېلىۋاتقانلار»( «مىراس»ژورنىلى 2006.3 )، «نومۇس ۋە تەلىم تەربىيە»( «جۇڭگو مىللەتلىرى» ،2006.6 )، «نومۇس ۋە ئۇنى مۇهاپىزەت قىلىش»( «جۇڭگو مىللەتلىرى»، 2007.1 )، «قائىدە يوسۇن - مىللىي ئۆزلۈكنىڭ جۇلاسى»( «بۇلاق» ژورنىلى ،2008.5)، «مەسئۇلىيەت ۋە قەرز»( «جۇڭگو مىللەتلىرى» ،2008.6)«ئادىمىيلىك مىزانلىرى(1)»( «جۇڭگو مىللەتلىرى» ،2009.4)، «مەردلىك ۋە مەنىۋى قۇدرەت»(شىنجاڭ ياشلىرى 2009.5) ، «ئادىمىيلىك مىزانلىرى(2)»( «جۇڭگو مىللەتلىرى» ،2009.6)، «رىستۇران مەدەنىيىتى» ( «شىنجاڭ ياشلىرى» ،2008.6)، «مۇھىمى سەممىيەت»( «شىنجاڭ ياشلىرى» ،2008.11)، 2009.2«قابىلىيەت ۋە قاباھەت»( «شىنجاڭ ياشلىرى» ،2009.3 )، «قابىلىيەت ۋە روھىيەت»( «شىنجاڭ ياشلىرى» ،2009.4)، «مەردلىك ۋە مەنىۋىي قۇدرەت»( «شىنجاڭ ياشلىرى» ،2009.5)، «ئىسىل ئۆرنەك» ( «شىنجاڭ ياشلىرى» ،2009.6) «سەممىي مىننەتدارلىق»( «شىنجاڭ ياشلىرى»، 2009.10)، «بەخت ۋە تاللاش» ( «شىنجاڭ ياشلىرى» ،2009.11)«غەمگۇزارلىڭ ئۆزۈڭدۇر» ( «شىنجاڭ ياشلىرى» ،2010.2)، «بىلىم - بەختتۇر»( «شىنجاڭ ياشلىرى» ،2010.3)، «مۇنازىرە»( «شىنجاڭ ياشلىرى2010.11)قاتارلىق ماقالىلىرى تىراژلىرى ئەڭ كۆپ گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىندى. بۇ تۈركۈمدىكى ماقالىلىرىدا، جەمئىيىتىمىز دۇچ كەلگەن مەنىۋى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئايرىم كىرزىس مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن يۈرەكلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئاڭدىن ياتلىشىۋاتقان بىر قىسىم

ياشلارغا قىممەتلىك «ئۇلا» بەلگىسى تىكلەپ بېرىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

تۇغلۇق ئەپەندى ئەخلاق تېمىسىدا رەڭگا ـ رەڭ تېمىلىق ماقالىلارنى يېزىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن،يەنە مەزمۇندە باي،ھىكمەت ـ ھىكايەتلەردىن بىزەلگەن نەچچىلگەن كىتاپلارنىمۇ يېزىپ،روياپقا چىقىرىپ،ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاق،ياخشى خۇلۇق توغرىسىدىكى قارىشىنى ئەتراپلىق ھالدا بايان قىلىپ بەردى .مەسلەن،«ھاياتلىق ۋە نومۇس»( شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى،2006 ـ يىلى)، «ئەخلاق دەستۇرى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى)، «ئادىمىيلىك مىزانلىرى» (شىنجاڭ ئۇن ـ سىن نەشرىياتى 2009 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

تۇغلۇق ئەپەندى زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئەخلاقىنى يەنىمۇ پاكلاش ئۈچۈن،ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن «قۇرئان كېرىم»دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەرنى قايتا شەرھىلەشكە جۇرئەت قىلىپ،زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئەنئەنىۋىي ئەخلاق نۇرىنىڭ تەسىرىنى ئېلىشقا دالالەت قىلىش ئۈچۈن ئىزدەندى. ئۇ «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 2003 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە بولغان جەمئى 11سانىدا«‹قۇرئان كەرىم›دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر»دېگەن مەۋزۇدا سىېكىللىك ماقالا ئېلان قىلىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دىن تەتقىقات ساھەسىدە يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

ئۈچىنچى،ئېلىم ـ مەرىپەتنىڭ يۈكسەكلىكىنى داۋاملىق ئۇلۇغلاپ،زامانىۋىي ئىلىم ـ پەننىڭ دەۋرىمىز كىشىلىرى ۋە كەڭ ئاۋام ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ يېيىلىشىنى تىزلىتىشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلدى.

تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنىدا ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ئۇنى يەنىمۇ كەڭ يېيىشقا دائىر تەۋسىيە،تەرغىباتلار بىسىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەنلىكى زامانداشلىرىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. بۇنى بىز ئۇنىڭ ماقالا ـ ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىدىن،سەھىپىلىرىدىن رۇشەن ھالدا كۆرۈپ يېتەلەيمىز. بولۇپمۇ «كىتاب ۋە مىللەتنىڭ ساپاسى»، «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»( 1996.1 ).«بىلىم ـ بەختتۇر»، «شىنجاڭ

ياشلىرى»(2010.3)، )قاتارلىقلار ماقالىلىرى، ۋە «بايقاش»(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتاۋىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب مەدەنىيىتىگە دائىر قىممەتلىك ئىزدىنىش نەتىجىلىرى بۇنىڭ جانلىق بىر پاكىتىدۇر.

تۇغلۇق ئەپەندى يەنە مىللىي مەدەنىيەتتىكى جەزبىدارلىق، ئائىلە مەدەنىيىتى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئورنى ۋە رولى، يىلتىز ۋە نەسەپ مۇقەددەسلىكى، مىللىي ئېتىقاد يۈكسەكلىكى، كىلاسسىك ئەدەبىيات جەزبىدارلىقى، ئۆزلۈكنى تونۇش، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت، ئادەم بىلەن جەمىيەتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى، دەۋر ۋە رىقابەت قاتارلىق بىر قاتار قىزىق نۇقتىلار توغرىسىدا كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان ماقالىلارنى، كىتاپلارنى يازدى ۋە ئېلان قىلدى. مەسلەن،

«مۇۋەپپىقىيەتنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىڭىزنىڭ ئىلكىدە»(«شىنجاڭ ياشلىرى»، 1992.10)، «باللار باغچا ـ يەسلىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنى ياخشىلاش توغرىسىدا»( «قەشقەر گېزىتى» 1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى)، «خوجىلار دەۋرىدىكى ئىككى داستان ۋە ئۇنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرى»( «قەشقەر پىداگېگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1995.1)، « ‹قىياپەتۇل بەشەر› ۋە شەرق خاراكتېرشۇناسلىقى ھەققىدە» ( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشر قىلغان «قىياپەتنامە ۋە سائەتنامە» ناملىق كىتابقا يېزىلغان «كىرىش سۆز»)، «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇھەببەت تەربىيىسى بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى» («شىنجاڭ مائارىپى» 2007 2 ـ 1 ـ سانلار )، «دېھقانىنىڭ ئەجرى زېمىنىنىڭ جېنى»( «جۇڭگو مىللەتلىرى»، 2007.5)، «قىممەتلىك ئۇچۇر»( قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى ئورۇق ـ تۇققانچىلىق ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا «شىنجاڭ ياشلىرى». 2008.5، بۇ ماقالە ئابدۇراززاق سايىم باش تۈزگۈچىلىكىدىكى «تۇققانچىلىق ئاتالغۇلىرى ھەققىدە تەتقىقات»ناملىق كىتاپقا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 2010 ـ يىلى بېسىلغان). «رىستۇران مەدەنىيىتى»( «شىنجاڭ ياشلىرى»، 2008.6 )، «ئاسترونومىيە تارىخىمىزدىكى تۆت چوڭ مۆجىزە»( «شىنجاڭ ياشلىرى»، 2009.2) ، «ئائىلە ۋە مەسئۇلىيەت»( «شىنجاڭ ياشلىرى» )، «مۇنازىرە»، «شىنجاڭ ياشلىرى» 2010.11)، قاتارلىقلار.

تۆتىنچى، مائارىپ ۋە مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش تۈغلۇق ئەپەندىنىڭ ئىجادى ھاياتىدا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مۇھىم تېمىنىڭ بىرى بولدى.

يارمۇھەممەد تاھىر تۈغلۇق مائارىپقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان بولۇپ،يۇرتىنىڭ،خەلقىنىڭ، مىللەتنىڭ ئۈمىدى مائارىپتا دېگەن ئېقىدىنى تىكلىگەنلىكى ئۈچۈن،ئالىي مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن،قەتئىي ئىرادە بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى تاللىۋالغان ئىدى. ئۇ ئالىي مائارىپ سەھنىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان 14 يىللىق شەرەپلىك ھاياتىدا بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى خىسلەتنى جارىي قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىدە ھەقىقىي بىر ئۇستازلىق ئوبرازىنى تىكلىگەن ئىدى. ئۇ بۇ ساھەدە كىتاب ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيلەشنىڭ ،ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقاتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن ئىدى.

يارمۇھەممەد تاھىر تۈغلۇقنىڭ كىتابلىرىدا بولسۇن، ماقالىلىرىدا بولسۇن ئاساسىي يۆلىنىشىنى تەلىم ـ تەربىيەگە قاراتقان ئىدى. ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇسلۇبىنىمۇ ئاممىباب شەكىلدە ئاساسىي قاتلامغا يۈزلەندۇردى. «ئۇيغۇرلاردە پەرزەنىت تەربىيەسى»(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتى نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى)، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيەسى»( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتى نەشرىياتى،2006 ـ يىلى نەشرى) دېگەن ئىككى كىتابى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئائىلە مائارىپى ئۈچۈن قىلىنغان ئەھمىيەتلىك ئەمگەك بولۇپ، بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ بەرگەن ئىدى. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە غەربىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئەندىزىسىدىن قەتئىي مۇستەسنا ھالدا خەلقىمىزنىڭ ئىلغان، قىممەتلىك ئەنئەنىۋى تەلىم ـ تەربىيە يۆلىنىشىنى ئېنىق، سېستىمىلىق يورىتىپ بەردى.

يۇقارقىلاردىن باشقا ئۇ يەنە، ھازىرقى زامان مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشكە جۈرئەت قىلىپ، مائارىپ ساھەسىدە ياخشى سەھىپىلەرنى قالدۇردى.مەسىلەن،«ئۇيغۇر كىلاسسك ئەدەبىياتىنى مەيدانىغا كەلتۈرگەن ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساسلار توغرىسىدا»، («شىنجاڭ نېفىت مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 ـ يىل 1 ـ 2 ـ سان)، «بىر ئاتىنىڭ ئوقۇتقۇچى پەرزەنتىگە قىلغان نەسىھەتلىرى»، «ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىق ھۈجەيرىسى» («شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى 2005.1)، « ‹قۇتادغۇبىلىك› تىن بايان—

مىللەتنىڭ ۋە پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرى ئائىلارنىڭ قولىدا» («قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 2006.5 )، «ئەڭ ئېغىر مەسئۇلىيەت ئائىلە مەسئۇلىيتى» («كۆسەن مەدەنىيتى» ژۇرنىلى 2.2009)، «بالام نېمىشقا يىغلايسەن» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى)، «يېزىقىمىزنىڭ ھەممىتى ۋە قىسمىتى» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى)، «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇھەببەت تەربىيەسى بېرىشنىڭ زۆرۈرىيتى» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى)، «ساۋاقداشلار سىلەرگە ياخشىلىق ھەمراھ بولسۇن»( «شىنجاڭ مائارىپى» 2003.11 )، «مۇھەببەتسىز ئائىلىدە بەخت بولمايدۇ»( «شىنجاڭ ياشلىرى» ،2010.5) «ئەڭ ئېغىر مەسئۇلىيەت ئائىلە مەسئۇلىيىتى»( «كۆسەن مەدەنىيىتى»، 2009.2) قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالىدۇر.

تۇغلۇق ئەپەندى يەنە، مەخسۇس پىداگوكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر يۈرۈش ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ تەربىيلىنىشى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن قوللانما قىلىپ بەردى.مەسلەن، «تۇنجى قېتىملىق سىنىپ يىغىنى خاتىرىسى» («شىنجاڭ مائارىپى»ژۇرنىلى)، «ئەقىل پاراسەتنىڭ نەرخى» (كىتاپ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى)، «ياشاش مەنتىقىسى» (كىتاپ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى)، «ئىبرەت، ئىبرەت، ئىبرەت» (كىتاپ،ئىككى قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى)، «ئىشقى مۇھەببەت پەلسەپەسى»، «ئىشقى مۇھەببەت مەكتۇبلىرى» (كىتاپ،ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى)، «مۇقەددەس نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلەر»(سىكىللىك ماقالا،يەنە كىتاپ قىلىپ تەييارلانغا) قاتارلىق ئەسەرلىرى مەقسەتلىك، ۋە نىشانلىق تۈزۈلگەن ئوقۇشلۇق ۋە قوللانمىلار بولۇپ، ئەۋلادلارنى كىشىلىك ھاياتنىڭ بوسۇغۇسىغا قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مول ھايات بىلملىرى بىلەن تەمىن ئەتتى.

بەشىنچى، كىسلاسىك ئەدەبىيات ۋە كىلاسىك مەدەنىيەت بوستانلىقلىرىغا كىرىپ، ئوخشىمىغان گۈللەردىن دەستە تىزىپ، خەلقىقەسوۋغا قىلدى.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق، زامانىمىز ئەۋلادلىرىنى ئەجداتلىرىمىز ياراتقان سەمەرىلىك مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى بىلەن تېخىمۇ يېقىن ئۇچراشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆزگە بولغان ئىشەنچ

ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى يەنىمۇ ئۇيغىتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بەزى ئەھمىيەتلىك نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. مەسىلەن، «باغرداق كىمگە مەنسۇپ» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1992.6.23)، «دەزمال مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1992.6.9)، «قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىكى ئىجتىمائىي ئۈچۈرلار» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى») قاتارلىق ماقالىلىرى ئارقىلىق تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، دېگەن مەنتىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىلمىي سەھنىسىدە جىلۋىلەندۈردى. ئۇ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، «مەدەنىيەت كارۋانلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىنى يېزىپ، ئىلان قىلىپ، مەدەنىيەت تارىخىنى تەسۋىرلەشتە يېڭى بىر ئۇسلۇب ياراتتى، يەنى، ئۇ ئاممىباب تەسۋىرىي زىيارەت شەكلىنى قوللىنىپ، نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ پېشۋالىرىنى خىيالەن زىيارەت قىلىپ، زاماندىشلارنىڭ كۆز ئالدىدا مەرىپەت سىمالىرىنىڭ جانلىق ئوبرازىنى زاھىر قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، تۇغلۇق ئەپەندى بۇ ئەسەر ئارقىلىق تۆت مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى تارىخىي باسقۇچ بىلەن 20- ئەسىرنىڭ يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەجدادلار باسقان مۇساپىنى ئوتتۇرا قاتلام ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن غىل-پال بولسىمۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

تۇغلۇق ئەپەندى باي ۋە نەمۇنىلىك بولغان كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن ئاۋامنى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر ھالدا بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم كىلاسسىك داستانلار ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەرنى شەرھلەش، ئۇنى زامانىۋى ئاڭ بىلەن يۇغۇرۇپ، ئىجادىي يوسۇندا ياخشى بىر ئوقۇشلۇققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىزغىن ھەسسىيات بىلەن قەلەم تەۋرەتتى. مەسىلەن، «خوجىلار دەۋرىدىكى ئىككى داستان ۋە ئۇنىڭ سىموۋوللۇق خاراكتېرى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بارلىققا كەلتۈرگەن ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساسلار» «تەقدىرداش كارۋانلار»(كىتاب، ئەلشىر نەۋائىينىڭ «لىسانۇتتەيىر» دېگەن ئەسىرى ئاساسىدا ئىشلىگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىلى نەشرى)، «ئەقىل-پاراسەت گۈلىستانى»(كىتاب، شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە« بوستان» ئاساسىدا ئىشلىگەن شەرھى ئەسىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىلى نەشرى) قاتارلىقلار شۇ جۈملىدىكى

ئەسەرلەردۇر.

تۇغلۇق ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھاياتىدا مىللىي يىلتىز ۋە نەسەپنىڭ خەلق ۋە مىللەت تارىخىدا رولىنىڭ تولىمۇ چوڭ بولىدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا تونۇپ يېتىپ،بۇ توغرىلىق بەزى ماقالىلارنى يېزىپ ئېلان قىلغاندىن باشقا «ئائىلە ـ جەمەت نەسەپنامىسى» (نەشر قىلىنىش ئالدىدا ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى،2010 ـ يىلى)ناملىق چوڭ تىپتىكى قوللانما كىتابنى يېزىپ تاماملىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، يار مۇھەممەد تاھىر ئەپەندىنىڭ ئىجادىي ، ئىلمىي ئەمگەكلىرى كۆچلۈك دەۋرچانلىقى،رۇشەن ئاكتىۋاللىقى،ئوچۇق پايدىلىنىشچانلىقى ئىگە بولۇپ،كۆپ يىللاردىن بېرى كەڭ ئوقۇرمەنلەر ، كۆپچىلىك ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ،جەمىيەتنىڭ دىققىتىگە نائىل بولۇش بىلەن بىرگە ،زامانىمىزنىڭ چايقاشلىرىدىن ،دەۋرىمىزنىڭ قاتتىق سىناقلىرىدىن بىمالال ئۆتۈپ كەتتى.بۇنىڭ ئۆزى كىشىلەرنى سۆيۈندۈرىدۇ ئەلۋەتتە.شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى،ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى زاماندашلارنىڭ ئىززەتلىشىگە ئېرىشىپلا قالماستىن،بەلكى،كېيىنكىلەرنىڭ ھەم قەدىرلىشىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق تاسادىبىيلىق بىلەن مۇقەررەرلىكنىڭ دىئالىكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۆلگىسىنى يەنە بىر قېتىم ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بىرى.ئۇ ئىلمىي تەتقىقاتقا ئوتتەك كىرىشكەن كۈنلەردە تاسادىبىي مۇدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ،لېكىن،بۇنىڭلىق بىلەن ئىسەنكىرەپ قالمىدى.بەل قويىۋەتمىدى،ئىلىم ئىزدەش يولىدىن داجىپ كەتمىدى.بەلكى،ئۆزىنىڭ ھاياتلىق يولىنى،بەخت ـ تەلىيىنى،ئىستىقبالىنى ئىلىم ـ مەرىپەت يولىدا ئىزدىنىشتىن تاپالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى.شۇ يولدا ساغلام،دۇرۇس،توختاپسىز،نەتىجىلىك ھالدا ماڭىدىغانلا بولسا،كۈنلەرنىڭ بىرى جەمىيەتنىڭ، خەلقنىڭ، مەرەپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ، دەۋرنىڭ دىققىتىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا، قەدىر ـ قىممەت تاپالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، شۇنداق قىلىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىزدەش يولىدا تىنىم تاپماي ئىزدەندى.مول ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. دەرھەقىقەت، ئانا ۋەتىنىز ، ھۆكۈمىتىمىز ۋە خەلقىمىز بۇ

يىللاردا ئۆزى ئاپىرىدە قىلىپ،ئۆزى تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ چىققان بۇ ئوت يۈرەك ئوغلاننى كېرەكسىز نەرسە قاتارىدا پۈتۈنلەي تاشلىۋەتمىدى.گەجگىسىدىن تۇتۇپ دەۋرنىڭ چارقىنىڭ ئاستىغا ئىتتىرىۋەتمىدى.ئۆتكۈر قەلىمىنى تارتىۋالمىدى،ئىلمىي ئىجادىي ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلمىدى،ئەركىن تەپەككۈرىنى بوغۇپ قويمىدى.بەلكى،سەزگۈرلۈك،ئاڭلىقلىق،ۋىكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يازغان ماقالىرى قانۇنلۇق گېزىت-ژورناللاردا ئاشكارا ئېلان قىلىشقا مۇمكىنچىلىك هازىرلاپ بېرىلدى.يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ تەييارلىغان توم-توم كىتاپلىرى مىڭلاپ،ئون مىڭلاپ تىراژدا،هەرخىل نەشرىياتلاردا ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ تۇرۇلدۇ،پەلسەپىۋىلىككە ئىگە،هىكمەت-پاساهەتلىك سۆز-نۇتۇقلىرى رادىئو-تېلېۋىزۇورلاردا داۋاملىق ئاڭلىتىپ تۇرۇلدى.

يارمۇهەممەد تاهىر تۇغلۇق كىشلىك خاراكتىر جەهەتتە تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان،ئۆزلۈكسىز ئالغا باسىدىغان، قېيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان، بوزلۇقتىن يول ئېچىپ يۈرەكلىك هالدا ئىلگىرلەيدىغان، ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ قىممىتىنى ماددى بايلىقنىڭ ئالدىغا قويىدىغان، جەمىيەت، دەۋرنىڭ يۈزلىنىشىنى ئاڭلىق كۆزىتىپ.ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلىدە بولىدىغان، راسچىل، دۇرۇس، خەلقچىل، يۇرتسۆيەر،غەيرەت-شىجائەتلىك ئەر.دەۋرىمىز ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى،زامانىمىز ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ مۇتەپەككۈرى.خاس تەپەككۇر پورمىسىغا ئىگە پەيلاسوپ تەتقىقاتچى.

يارمۇهەممەد تاهىر تۇغلۇقنىڭ 25 يىللىق ئىلمىي ئىجادىيەت هاياتى ئەهمىيەتلىك هايات بولدى.دەۋر دولقۇنلىرىدا غەۋۋاس بولۇپ ئۆزگەن هايات بولدى.زامانداشلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن هايات بولدى،دەۋرداشلىرىنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان هايات بولدى،مەن شۇ دەقىقىدە،ئۇنىڭ زاماندىشى،مەكتەپدىشى،كەسپدىشى ۋە ئۆلپىتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ 52يىللىق هايات مۇساپىسىنى،25يىللىق ئىلمىي ئىجادىيەت يولىنى ئەهمىيەتلىك ۋە نەتىجىلىك هالدا بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن.

بىزنىڭ بۇ يەرگە جەم بولۇپ، تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ 52ياشقا كىرگەنلىكىنى،ئىلمىي

ئىجادىيەتكە كىرىشكەنلىكىنىڭ **25** يىللىقىنى تەبرىكلىگەنلىكىمىز قەدىرلەشكە تېگىشلىك ۋە خاسىيەتلىك بىر پائالىيەت. ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ.

ئاخىرىدا يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ بىز بىلەن داۋاملىق مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ، كىشىلىك دۇنياسىدا داۋاملىق ئەركىن نەپەس ئېلىپ تۇرۇشىنى، ئىلمىي ئىجادىيەت مۇساپىسىدە توختىماي مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىپ، سۆزۈمنى تۈگىتىمەن.

مەنبە : شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلىنىڭ **2011** ـ يىللىق **1** ـ سانىدا **52** ـ **58** ـ بەتلەردە ئېلان قىلىنغان.